دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سۈيىقەست چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ

□ شىنجاڭ سىفەن ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى تەييارلىق كۇرس مائارىپى شۆبۈەنىنىڭ يۈەنجاڭى ئابلىكىم مۇزەپپەر

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ناھايىتى قاتتىق ئازار بەردى. ئۇيغۇر زىيالىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

تېررورىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئۇنىڭ زىيىنىغا چوڭقۇر ئۇچرىدى. بىر مەزگىلدىن بۇيان، جۇڭگو شىنجاڭ رايونى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان ـ تېرروررچى كۈچلەرنىڭ گىرەلەشمە تەسىرىگە ئۇچرىدى، «ئۈچ خىل كۈچ» مىللەت، دىنىي دەستەك قىلىپ، ئاممىنىڭ ساددا مىللىي، دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ دىنىي تەلۋىلىككە قۇترىتىپ، ھە دەپ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، قۇترىتىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى سادىر قىلىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا باشلىدى. زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى ئۈزۈلمەي يۈزبېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى.

ئىلگىرىكى يىللاردا، مەن خوتەنگە بېرىپ كەنتتە تۇرغان چېغىمدا، كەنتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەرلەرنىڭ ساقال قويۇۋالغانلىقىنى، ئاياللارنىڭ نىقابلىق كىيىم كىيىۋالغانلىقىنى، تويلاردا ناخشا ئېيتمايدىغانلىقىنى، ئۇسسۇل ئوينىمايدىغانلىقىنى، ئۆلۈم ـ يېتىمدە يىغلىمايدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. نۇرغۇن ياش ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ يازالمايدىكەن، ئائىلىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشكە ئەسلا كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن.

كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ بىر قولدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىش ۋە تەربىيەلەش ـ يېتەكلەش خىزمىتىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، يېنىكرەك جىنايى قىلمىشى ياكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى بارلارغا قارىتا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، تەربىيەنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارغا دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، ئەمگەك ماھارىتىنى ئىگىلەتتى ھەم ئۇلارنى تېررورىزم ۋە ئەسەبىيزمنىڭ روھىي ئىسكەنجىسىدىن تەدرىجىي قۇتۇلدۇردى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، تامامەن توغرا. ئۇ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئۈنۈملۈك تۈگىتىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى كۈچلۈك قوغدىدى. بۇ يىل، مەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىگە قاتنىشىش سەۋەبىدىن يەنە بىر قېتىم خوتەنگە بېرىپ، خوتەن يېزىلىرىدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ھەممە كەنتكە ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇلۇپتۇ، ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولغان يەسلىلەر بار ئىكەن، كەنت ئاھالىلىرى ئازادە، يورۇق ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرىپتۇ... مەن يەنە كەنتتە ناغرا ساداسىغا ئەگىشىپ ماڭغان توي ئاپتوموبىل ئەترىتىنى، مودا كىيىنگەن كېلىنچەك ـ يىگىتنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن بىللە شاد ـ خۇرام ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

ئالدىنقى كۈنلەردە، مەن خوتەندە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى روزى مەمەت بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، مەن ھەم دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئىگىلىدىم، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگەندىم، ھەم ئەمەلىي تېخنىكا ئۆگىنىۋالدىم. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن بىلىم ۋە ماھارەتكە تايىنىپ، ئۆزۈم رازى بولغۇدەك خىزمەت تاپتىم، مۇقىم كىرىمىم بار بولدى، ھازىر بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ناھايىتى بەختلىك ياشاۋاتىمىز! پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى قۇتقۇزۇپ قالدى، مەن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى پۇقرا بولىمەن».

نۆۋەتتە، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا گۈللەپ ياشنىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈش ئىشەنچىسى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۈيىقەست چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ!

# ھەرقانداق سۈيىقەست شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش مۇساپىسىگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ

□ شايار ناھىيەسى شايار بازىرى شۆيۈەن مەھەللىسى بوستان مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئەخمەت رېشىت

شىنجاڭنىڭ ياخشى ـ ياخشى ئەمەسلىكىدە بىز شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېگىنى ھېساب. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، بۇنى شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەربىر كىشى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىر قاتار ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى پۇقرالارنى يېمەك ـ ئىچمەكتىن غەم قىلمايدىغان، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايدىغان قىلىپلا قالماي، داۋالىنىش، مائارىپ، كۆتۈنۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا تەدرىجىي نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىمىزدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، تاشيول، كۆۋرۈكلەر يېڭىدىن ياسالدى، باغچە، مەنزىرە رايونلىرى يېڭىدىن ياسالدى، مەيلى شەھەر ياكى يېزا ـ كەنتلەردە بولسۇن، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەر تىكىلدى، يۇرتىمىزنىڭ مۇھىتى بارغانسېرى گۈزەللەشتى. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئىشەنچىسى تولۇپ تاشتى.

ھالبۇكى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى كۆرۈشنى خالىمىدى، جۇڭگونىڭ كۈندىن ـ كۈنگە قۇدرەت تېپىشىنى كۆرۈشنى خالىمىدى. بىر مەزگىلدىن بۇيان، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» جۇڭگونى پارچىلاش جىنايى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، دىنىي ئەقىدىلەرنى ھە دەپ بۇرمىلاپ، يالغان تەلىمات توقۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تارقاتتى. زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقەسى) ئۈزۈلمەي يۈزبېرىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى. كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇپ، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇپ»، پاكىتنى ئاساس قىلىش، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلدى، ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغان، يېنىكرەك جىنايى قىلمىشى ياكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى بار بىر تۈركۈم كىشىلەر تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئۈنۈملۈك يوقاتتى، بۇ، تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر؛ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى قەتئىي ھالدا قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى.

بىر دىنىي خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىز دىنىي زاتلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە كۆيۈنۈشىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلدىم. بولۇپمۇ يېقىنقى نەچچە يىلدا، دىنىي خادىملارنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئۆستى، «تۆت سۇغۇرتا، بىر كاپالەت» ھەل قىلىندى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يەنە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش»، «توققۇزنى سەپلەش»نى يولغا قويۇپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ، كەڭ دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

شۇڭا، مېنىڭ ئەتراپىمدىكى قېرىنداشلارغا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇكى، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇڭلار، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ رەزىل نىيىتىنى ئېنىق تونۇڭلار، ئۇلارنىڭ ئادەتلەنگەن ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى كۆزۈڭلارنى توسۇۋالمىسۇن. ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، بىز بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، قول تۇتۇشۇپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، گۈزەل تۇرمۇشنى ئورتاق يارىتىشىمىز كېرەك. شىنجاڭنى مالىمان قىلماقچى بولغان ھەرقانداق سۈيىقەستنىڭ ھەممىسى خام خىيال! ھەرقانداق سۈيىقەست شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش مۇساپىسىگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ!

قەلب ساداسى

# ئىلگىرىكى خۇش چىراي، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قىزىم قايتىپ كەلدى

□ قەشقەر شەھەرلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىنىڭ ئائىلە تەۋەسى رىزۋانگۈل يۈسۈپ

مېنىڭ ئىسمىم رىزۋانگۈل يۈسۈپ، قەشقەر شەھىرىدىكى بىر ئاددىي ئائىلە ئايالى. دۇنيادىكى ئانىلارغا ئوخشاش، مەنمۇ باللىرىمنىڭ ياخشى تەربىيە ئېلىپ، كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە يارامل‍ىق ئادەم بولۇشىنى، تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

باللارنىڭ يارامل‍ىق ئادەم بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن، مەن دائىم ئۇلارنى كۆپرەك كىتاب ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى بارلىق تەلەپلىرىنى قاندۇردۇم. قىزىم مەريەمگۈل ئېبلى ئائىلىمىزدىكى باللار ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىق، زېرەك، ئەڭ تىرىشچان ئىدى، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەلا، ھەرقايسى جەھەتتىكى ئىپادىسى ياخشى بولۇپ، ھەر قېتىم ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغا بارغىنىمدا ئىنتايىن پەخىرلىنەتتىم.

ھالبۇكى، قىزىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىر دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ، ئىدىيەسىدە ئۆزگىرىش بولدى. بىر قېتىم ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «ئاپا، سىز بىر تەقۋادار مۇسۇلمان ئەمەس، چۈنكى مۇسۇلمانلار تېلېۋىزور كۆرسە، ناخشا ئېيتسا، ئۇسسۇل ئوينىسا بولمايدۇ...» دەسلەپتە، مەن بۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلمىدىم. لېكىن، مەن ئىلگىرىكى شوخ، ئوچۇق ـ يورۇق قىزىمنىڭ بارغانسېرى سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، غەلىتە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، ھەرىكىتىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، مېنىڭ گەپ سورىشىم ۋە سوئال قويۇشۇمدىن ئىنتايىن بىزار بولىدىغانلىقىنى، ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭمۇ تېز تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا بايقىدىم. مەن بۇلارنى پەقەت باللارنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى قارشىلىششىنىڭ ئىپادىسى، بۇ مەزگىلدىن ئۆتۈپ كەتسە ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قاراپتىمەن.

بىر كۈنى، مەريەمگۈل سىڭلىسىنى مەكتەپنىڭ نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنىغا قاتناشتۇرمىدى ھەم ئۆيدە مۇنداق ۋارقىرىدى: «مۇسۇلمانلار ناخشا ئېيتسا، ئۇسسۇل ئوينىسا بولمايدۇ، قۇربان ھېيت، روزا ھېيتتىن باشقا بايراملارنىڭ ھەممىسى ‹كاپىرلار›نىڭ بايرىمى!» سىڭلىسى ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن مۇنداق چۈشەندۈردى: «نورۇز بايرىمى ئۇيغۇر، قازاق، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى، سىز مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلمىسىڭىز بولمايدۇ»، مەريەمگۈل سىڭلىسىنىڭ گېپىنى پەقەت ئاڭلىماي، بارغىنچە سىڭلىسىنى ئۇرۇپ، سىڭلىسىنىڭ بىلىكىنى سۇندۇرۇۋەتتى. ھېلىمۇ ياخشى ۋاقتىدا توسۇپتىمەن، بولمىسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. بۇنىڭدىن ئىنتايىن چۆچۈدۈم، قورقتۇم، قىزىمنىڭ «كېسەللى»نىڭ ناھايىتى ئېغىرلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، مەريەمگۈل 16 ياشقا كىرگەن يىلى، بىزنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىزغا قارىماي، ھېلىقى دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرغا ياتلىق بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك باللارنىڭ ھەممىسى بىلىم دېڭىزىدا ئۈزۈپ، ئۆگىنىش خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى.

مەريەمگۈل كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگەنگەندىن كېيىن، بىز ئاندىن ئۈمىدنى كۆردۇق. ئۇ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە تۈرلۈك قىزىقىش سىنىپلىرىغا قاتناشتى. «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش» تەربىيەسى ئارقىلىق، قىزىم ئىلىم ـ پەننى قەدىرلەشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ماھىيىتى ۋە زىيىنىنى چۈشەندى، نېمىنىڭ قانۇنلۇق، نېمىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئىككى خىل ئەمگەك ماھارىتى ئىگىلىدى. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەريەمگۈل قەشقەردىكى بىر كارخانىدىن ئوقۇشلۇق خىزمەت تاپتى. ئارىمىزدىكى پاراڭمۇ كۆپەيدى، ئۇ دائىم ئۆز خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئىلگىرى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلدى ھەم سىڭلىسىدىن سەممىي كەچۈرۈم سورىدى. ھازىر ئۇ مودا ياسىنىپ يۈرىدۇ، خىزمەتتە ئەستايىدىل، تىرىشچان، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىشەنچكە تولدى، ئىلگىرىكى خۇش چىراي، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قىزىم يەنە قايتىپ كەلدى.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىش قىزىمنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى، مەن قىزىمغا ياردەم قىلغان ئوقۇتقۇچىلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭغا گۇناھىنى تونۇپ يېڭىباشتىن ئادەم بولۇش، خاتالىقىنى تۈزىتىش پۇرسىتى بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن، ئەگەر بۇ قېتىمقى تەربىيەلەش، قۇتقۇزۇۋېلىش بولمىسا، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئەسەبىيزمنىڭ چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتەتتى، ئاخىرىدا باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ خەۋپ يەتكۈزەتتى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى قىزىمنىڭ ئەسەبىيزمنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزىنى قايتا تېپىشىغا ياردەم بەردى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بولمىسا قىزىمنىڭ خۇش چىراي، بەختلىك بۈگۈنى بولمايتتى.

# شىنجاڭنىڭ ئەتىسى جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ

□ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيەسى پىلال يېزىسى ئاقتۇ كەنتى جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى يۈسۈپجان موللا

مەن بىر ئاددىي ئۇيغۇر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مەن يۇرتۇمدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە ئۆز كۆزۈم بىلەن گۇۋاھ بولدۇم. توپا يوللارنىڭ ئورنىغا تۈپتۈز ئاسفالت يوللار ياسالدى، يېزىلاردىكى كېسەك ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى ئەمىن ئۆيلەر ئالدى، ئاممىنىڭ قىشلىق ئىسسىنىش مەسىلىسى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل بولدى، كىچىك پارچە ئېتىزلار چوڭ سالا ئېتىزغا ئايلىنىپ، ئاشلىق ھوسۇلى زور دەرىجىدە ئاشتى. كەنتىمىزدە يەنە دېھقانلار باقمىچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى، ھەممە ئائىلىلەر قوتان سېلىپ، ئائىلە باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئائىلە كىرىمىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئاشۇردى. كەنتتە يەنە دائىم پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت تەربىيەلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىلدى، كۆپچىلىككە يېزىدا ئەسقاتىدىغان تۈرلۈك تېخنىكا ئۆگىتىلدى. ھازىر، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىغا قاراتقان ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى بارغانسېرى كۆپەيدى، بارغانسېرى ياخشى بولدى، داۋالىنىش، كۆتۈنۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىش كاپالەتلەندۈرۈلدى، يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلاندى.

لېكىن، بىر مەزگىلدىن بۇيان، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭنى مالىمان قىلىش، ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ھە دەپ تەرغىب قىلىپ، بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنى سادىر قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. بىر قىسىم ئامما دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ، باشقىلارنىڭ زامانغا لايىق تۇرمۇشىغا ئارىلاشتى. بەزىلەر ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمىدى، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسى ئەتكەن تاماقنىمۇ يېمىدى؛ بەزىلەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى چەتكە قاقتى، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى، ھەتتا ئۇلارنى ئۆلتۈردى؛ بەزىلەر دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىشكە قارشى تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىش، ئىگىلەشنى رەت قىلدى. ئاساسىي قانۇن بىلىملىرىنى بىلمىگەچكە، ئۇلار ياخشى ـ يامانىنى، توغرا ـ خاتانى پەرقلەندۈرەلمەي، بەزىلىرى ئاخىر «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ پايدىلىنىش قورالىغا ئايلىنىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزۈش، خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىش يولىغا مېڭىپ، جەمئىيەتكە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى.

كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ قانۇن بويىچە بىر يۈرۈش تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. ئاپتونوم رايون قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان كىشىلەرگە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ئۆگىتىش ئارقىلىق، كاللىسىدىكى ئەسەبىي ئىدىيەنى تۈگىتىپ، نورمال تۇرمۇشقا قايتۇرۇپ كەلدى. ھازىر كەنتىمىزدە تەربىيەنى تاماملىغان تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەردىن بەزىلىرى كەنتتىكى زاۋۇت، كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىدا ئىشلىدى، بەزىلىرى ئۆزى دۇكان ئاچتى، بەزىلىرى ئۆگەنگەن ماھارىتىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، ھەر بىر ئادەمنىڭ كىرىمى زور دەرىجىدە ئاشتى، ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىغا ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. مېنىڭچە، بۇ كىشىلىك ھوقۇقنى ئەڭ ياخشى كاپالەتلەندۈرگەنلىك. شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، بۇ، جۇڭگونىڭ خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغا قوشقان مۇھىم، زور تۆھپىسى.

ھالبۇكى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى، بۇ ئاق ـ قارىنى پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىق بولۇپ، نىيىتى ئىنتايىن رەزىل.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئىزچىل تۈردە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي زاتلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى قاتارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ ۋە كاپالەتلىك قىلىپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قوغدىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دىنىي سورۇن ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى كۆچەپ ياخشىلاپ، «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش»نى يولغا قويۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىش ھوقۇقى يوق.

ئۇيغۇرلاردا، باشقىلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا قول تىقماق، دەيدىغان گەپ بار. ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قول تىقىشقا، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، بىز قەتئىي قوشۇلمايمىز!